ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى

## —— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالدىنقى تۆت ئايلىق تاشقى سودىسىغا نەزەر

تيانشانغا نەزەر

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدا، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي قىممىتىدە چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن. بىراق، خىرىس ئىچىدە پۇرسەت بار، بىر قىسىم تاشقى سودا يېڭى كەسىپ ھالىتىدە ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە يۈكسىلىش يۈزلىنىشى كۆرۈلۈپ، جۇشقۇن تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نامايان قىلىندى.

### چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىدا يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى تۆت ئايدا، شىنجاڭ پورتىدىن ئېكسپورت قىلىنغان، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىدا بىۋاستە سېتىۋېلىنغان مال جەمئىي 4 مىليون 841 مىڭ دانە، مال قىممىتى تەخمىنەن 16 مىليون 609 مىڭ دوللار بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 186 ھەسسە، 302 ھەسسە ئاشقان.

«ھازىرقى باسقۇچتا ئىگىلىگەن سانلىق مەلۇماتلىرىمىزدىن قارىغاندا، 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاستە سېتىۋېلىش ئېكسپورتىدا يەنىلا يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ھالىتى داۋاملاشقان» دېدى ئۈرۈمچى تاموژنىسى پورت نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گۇەن يۇڭ.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئالاتاۋ پورتىدا يەككە ئايلىق ئېكسپورتتا چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى 10 مىليون 100 مىڭ پارچىغا يېتىپ، مال قىممىتى 32 مىليون 600 مىڭ دوللار بولدى. بۇ سانلىق مەلۇمات مەزكۇر پورتتا چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش كەسپى ئېكسپورتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى يەككە ئايلىق تارىخىي رېكورت ھېسابلىنىدۇ. ئالاتاۋ پورتىدا بۇ كەسىپ بۇ يىل 1 - ئايدىن باشلاپ قانات يايدۇرۇلغانىدى.

دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان خەلقئارا يۈك تىرانسپورت كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياۋروپا ئىستېمالچىلىرىنىڭ جۇڭگو ياسىمىچىلىقىغا بولغان ئىستېمال ئېھتىياجى يەنىلا كۈچلۈك، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىدە ئېشىش ھالىتى كۆرۈلدى. «جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى + تاشيول يۈك تىرانسپورتى»نىڭ چېگرا ھالقىغان تاشيول - تۆمۈريول بىرلەشمە تىرانسپورت يېڭى ئەندىزىسى ئالاتاۋ پورتىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، كەسپتە مىسلىسىز ئېشىش ۋەزىيىتى كۆتۈۋېلىندى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى تۆت ئايدا ئۈرۈمچى تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان ئېلېكترونلۇق سودا ئېكسپورتىدا ئاساسلىقى بەش خىل مېتال مەھسۇلاتلىرى، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، ئوقۇش قوراللىرى قاتارلىق تۈرلۈك يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئاساس قىلىنغان، ئېكسپورت قىلىشتا ئاساسلىقى رۇسىيە، بېلگىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر نىشان قىلىنغان.

يېقىندا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنۇمبۇرسال سىناق رايونى قۇرۇلۇشى تەستىقلاندى. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، «ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايون + چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا توردىن مال سېتىۋېلىش باجدىن خالىي ئىمپورت» ئەندىزىسى تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا ماكانلىشىپ، توردا چەت ئەلدىن مال سېتىۋالغان شىنجاڭلىقلارنى ئۈرۈمچى ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايونىدىن «كېچىكمەي» كۆڭۈلدىكىدەك چەت ئەل تاۋارلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاكتىپ سىگنالىنى قويۇپ بەردى.

«بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاستە سېتىۋېلىش ئېكسپورت كەسپىدە 9610 (چېگرا ھالقىغان سودا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى) + ئالاھىدىلىك شەكىللەندى، بۇ 9610 + جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى، 9610 + يۈك تىرانسپورت ھۆددە ئايروپىلانى، 9610 + پوچتا يولىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاندىن يەنە TIR+9610، يەنى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا تاۋارلىرىنى TIR تىرانسپورت شەكلى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىش ئەندىزىسىمۇ بار بولىدۇ» دېدى گۇەن يۇڭ.

### باجدىن خالىي رايوننىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 80%كە يېقىن ئاشتى

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى تۆت ئايدا شىنجاڭدىكى ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايونلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت قىممىتى 3 مىليارد 455 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 76.72% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاتاۋ پورتى ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايونى ۋە قەشقەر ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايونىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2.83 ھەسسە، 12.16 ھەسسە ئاشقان.

قەشقەر ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايونىدا، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئوپتىكىلىق كامېرا ماتېرىيالىنى پىششىقلاش كەسپى بىلەن ئاساسلىق شۇغۇللىنىدىغان مەلۇم كارخانىنىڭ خام ئەشيا ۋە تەييار مەھسۇلاتلارنى رايونغا كىرگۈزۈش - چىقىرىشىدا قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن. بۇ كارخانا رايونلار ئارا ئوبوروت ئەندىزىسى ئارقىلىق، ئىچكىرىدىكى تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رايونىدىن خام ئەشيا يۆتكەپ، ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، 1 مىليون 100 مىڭ كامېرانى پىششىقلاشنى تاماملىغان ھەم «ئاۋۋال رايوندىن چىقىش، ئاندىن تاموژنىغا مەلۇم قىلىش» ئەندىزىسى ئارقىلىق چېگرادىن ئوڭۇشلۇق چىقارغان. تۈرلۈك سىياسەت ئارقىلىق يۆلەش تەدبىرلىرى ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايوندىكى كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى تېز ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

«ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايوندىكى كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئوڭۇشلۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تاموژنا ياردەم بېرىش - يۆلەش ئالاقىلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، كارخانىلار مال كىرگۈزۈش - چىقىرىشتا يولۇققان مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى ياكى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى» دېدى ئۈرۈمچى تاموژنىسى كارخانا باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاڭ جۈن.

ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان سەككىز تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەرقايسى ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايونلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رايون ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەردى.

ئالاتاۋ پورتى ئۇنۇمبۇرسال باجدىن خالىي رايونىدا، تېخى ئالدىنقى مەزگىللىك ئىش باشلاپ سىناق يۈرۈشتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەم زاكاز مىقدارى ئانچە كۆپ بولمىغان بىر داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى باجدىن خالىي بولمىغان نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى سېتىۋالدى، تاموژنا ئۇلارنىڭ رايونغا كىرىدىغان ماللىرىغا باج مەلۇم قىلماسلىق يولى ئېچىپ بېرىپ، ماللىرى كەلگەن ھامان قويۇپ بېرىپ، بۇ كارخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە رايونغا كىرىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«ئالاقىدار سىياسەتلەرگە ئاساسەن، بىز يەنە رايون ئىچىدە ھاۋالىلىك پىششىقلاش، چوڭ باج تاپشۇرغۇچىلار سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، رايون ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ ماتېرىيال ئىمپورت قىلىشى قىيىن بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىكار قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، يۇقۇمنىڭ كارخانىلارغا بولغان زەربىسىنى تىرىشىپ پەسەيتىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردۇق» دېدى جاڭ جۈن.

### غەربكە يۈزلەنگەن قاتناش تۈگۈنلىك رولى گەۋدىلەندى

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، رۇسىيەنىڭ 24.89 توننا توڭلىتىلغان توخۇ گۆشى قاچىلانغان «چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قايتقان نۆۋەتچى پويىزى قورغاس تۆمۈريول پورتىدىن چېگرادىن كىردى. بەش كۈندىن كېيىن، بۇ تۈركۈم توخۇ گۆشى تاموژنا يۆتكەلگەندىن كېيىن مەنزىل چوڭچىڭغا يەتكۈزۈلدى. بۇ، قورغاس ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈرلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بېكىتىلگەن مەيدانى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن بۇيان، توڭلىتىلغان گۆشنى تۇنجى قېتىم تاموژنا يۆتكەش ئارقىلىق چېگرادىن كىرگۈزۈشى. بۇ نەچچە ئايدا، تېخىمۇ كۆپ كارخانا جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تىرانسپورت يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قازدى.

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى(ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزى يۈك تەشكىللەش كەسپى ھەم ئىچكى - تاشقى سودا ماللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ توشۇش، مەركەزلەشتۈرۈپ توپلاش - مەركەزلەشتۈرۈپ توشۇش كەسپىدە دائىملاشقان تىجارەت قىلىشنى سىناق قىلىشقا باشلىدى، ھەمدە دۆلەت ئىچىدە تاموژنا يۆتكەش، TIR تىرانسپورتىدىن ئۇنۇمبۇرسال پايدىلىنىپ، كۆپ شەكىللىك بىرلەشمە توشۇش كەسپىنى قانات يايدۇردى.

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ راۋان قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى جۇڭگو - ياۋروپا «بىخەتەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق سودا» پىلانىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، پولشا تاموژنىسىغا «بىخەتەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق سودا» سانلىق مەلۇماتىدىن 173نى ئەۋەتىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر تاموژنىلىرى ئارىسىدىكى سانلىق مەلۇمات ئالماشتۇرۇش ۋە سانلىق مەلۇماتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

يۇقۇم يامراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى پوچتا يوللانمىلىرى ئوبوروتىغا بىر قەدەر چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. پوچتا كارخانىلىرى تۆمۈريول تىرانسپورتىدىن پايدىلىنىپ پوچتا يولىدىكى بوغما ھالەتنى راۋانلاشتۇردى. قورغاس پورتى تۆمۈريول پوچتا تىرانسپورت شەكلى ئارقىلىق خەلقئارا پوچتا يوللانمىسى ئوبوروتىنى قانات يايدۇردى. 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، قورغاس تاموژنىسى جەمئىي نازارەت قىلىپ باشقۇرغان تۆمۈريولدا توشۇلغان پوچتا يوللانمىسى 36.5 توننا، 451 مىڭ پارچە بولدى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۈرۈمچى خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىدىكى پوچتا كارخانىلىرى ئىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈردى، شۇ ئايدا چېگرادىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان پوچتا بۇيۇملىرىدىن 770 مىڭ 800 پارچىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.5% ئاشتى.

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى چۆرىدەپ، بىر تۈركۈم يېڭى كەسىپلەر سىجىل كېڭىيىۋاتىدۇ. ھازىر، ئۈرۈمچى تاموژنىسى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ گۆش تۈرلىرى ئىمپورتىنى قوللىغاندىن باشقا، يەنە جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى تۈگۈن پورتىنىڭ چېگرادىن كىرگۈزۈلىدىغان ئاشلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى بەلگىلەنگەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەيدانىدا تۇر تۇرغۇزۇشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى تۈگۈن پورتىنىڭ باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروت مەركىزى(B تىپتىكى) قۇرۇلۇشىنى قوللىدى.

«ئالدىنقى تۆت ئايلىق سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ غەربكە يۈزلەنگەن قاتناش تۈگۈنلۈك رولى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن. جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى، يۈك تىرانسپورت ھۆددە ئايروپىلانى، پوچتا يولى، TIR قاتارلىق تىرانسپورت شەكىللىرى شىنجاڭنىڭ چېگرا ھالقىغان تىرانسپورت شەكلىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى» دېدى ئۈرۈمچى تاموژنىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى سۇن چېنمىڭ.

# ئاپتونوم رايونىنىڭ «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى» پائالىيىتى باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياڭ شۈخەن** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل 6 - ئاي 19 - قېتىملىق مەملىكەتلىك «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى»، باش تېمىسى «ھادىسە يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگىتىپ، بىخەتەرلىك مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش». مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى» پائالىيىتى توردىكىنى ئاساس قىلىش، توردىكى ۋە تور سىرتىدىكىنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىدە 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ماس قەدەمدە قانات يايدۇرۇلدىكەن.

«بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى» پائالىيىتى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولۇپ، تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك نۇقتىلىق پائالىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتى يۈرۈشلۈك تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ توردا «بىخەتەرلىك تەشۋىقات مەسلىھەت بېرىش كۈنى» پائالىيىتىنى ماس قەدەمدە ئۆتكۈزۈش؛ بىخەتەرلىك تەشۋىقاتىدىكى «بەشنى كىرگۈزۈش» خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەنئەنىۋى خاس پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش.

تەشۋىقات ئاساسىي تېمىسىغا بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆككەن، ئاممىغا يېقىن، جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن، شەكلى كۆپ خىل بىر قاتار بىخەتەرلىك تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيەتلىرى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئامما پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «نەق مەيداندا بىۋاستە كۆرسىتىش»، «ئاممىغا ئېچىۋېتىش كۈنى»، بىخەتەرلىكنى ھېس قىلىش سارىيى 360 تولۇق كۆرۈنۈشلۈك ئۈلگە كۆرسىتىش كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا تەشكىللىنىدۇ، دوۋيىن سۇپىسىدا «مەن بىخەتەرلىكنى ئېنىق چۈشىنىمەن» تېمىسىدا مىكرو سىن شەكلىدە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا ئاسانلا سەل قارىلىدىغان بىخەتەرلىك مەسىلىلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار كۆزنەك تور بېكىتى، ئۈندىدار ئامموۋى سۇپىسىدا «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى» پائالىيىتى مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر قانۇن، قانۇن - نىزاملار، بىخەتەرلىك ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. كۆزنەك، كۆرگەزمە تاختىسى، تەشۋىقات تاختىسى ئارقىلىق، نۇقتىلىق مەيدان - سورۇنلار، ئاچقۇچلۇق ھالقىلار ۋە خىزمەت ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتقان خەتەرلىك ئامىللار، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ھەم ھادىسىلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئەسكەرتىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە زور كۈچ بىلەن «بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىدىغان، ھاياتلىققا كۆڭۈل بۆلىدىغان» قويۇق كەيپىيات بەرپا قىلىنىدۇ.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى «بىخەتەرلىك تەشۋىقاتى بويىچە مەسلىھەت بېرىش كۈنى» پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىز جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش نازارىتىنى ئاساسىي يىغىن مەيدانى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلارنى شۆبە يىغىن مەيدانى قىلىپ، سىنلىق ئۇلىنىش، مەيدان ئارىلاپ پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىلغان، تور بىلەن تور سىرتى بىرلەشتۈرۈلگەن بىخەتەرلىك تەشۋىقاتى بويىچە مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرنى يېڭى تاراتقۇ بىۋاستە كۆرسىتىش ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، توردا بولۇت سۆھبىتى، باش تېمىلىق زىيارەت، نەق مەيدان ئۇلىنىشى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر قانۇن، قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت تەدبىرلەرنى چۈشەندۈرۈپ، بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئولتۇراق رايون قاتارلىقلار ئوت ئۆچۈرۈش، تارقاقلاشتۇرۇش مانېۋىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك كەسپىدە كۈچلۈك بازار بەرپا قىلىشقا ئىلتىماس قىلىشتا، مۇھىم نۇقتىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارغا مايىللاشتۇرۇپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىپ، شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىكى كەسپىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى مۇقىم ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ. تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن يېزا - بازارلار يېزا - كەنتلەرنىڭ كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى بازار(يېزا)لاردىكى بىردىن ئىككىگىچە يېزا ئىگىلىك يېتەكچى كەسپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بايلىق مۇھىم ئامىللىرىنى توپلاپ، يېڭىلىق يارىتىش يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى قۇرۇلۇشىنى، تولۇق قىممەت زەنجىرىنى ئېچىشنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئامباردا يېڭى پېتى ساقلاش، پىششىقلاش، ماركېتىڭ قاتارلىق ئەسلىھە - جابدۇقلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، يېتەكچى كەسىپ گەۋدىلەنگەن، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەر چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش جانلانغان، كەسىپ بىلەن كەنت، كەسىپ بىلەن شەھەر بىر گەۋدىلەشكەن يېزا ئىگىلىك كەسپىدە كۈچلۈك بازار بەرپا قىلىپ، يېزا - كەنتلەردىكى كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، مەركەز مالىيەسى مۇكاپات ياردەم تولۇقلىمىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشى نىشانىنى چۆرىدەپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى ئېچىشتىكى سوغۇق ساقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش، پىششىقلاش، ماركېتىڭ قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى نۇقتىلىق قوللاپ، يېتەكچى كەسپلەرنىڭ چوڭ بولۇشتىن كۈچلۈك بولۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدىكەن. ھەرقايسى جايلارنى بەلگىلىمە بويىچە باشقا مەبلەغلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ بىرىكتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك كەسپىدە كۈچلۈك بازار قۇرۇلۇشىنى مەركەزلىك قوللاشقا رىغبەتلەندۈرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مالىيە مەبلىغىنىڭ يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارنى يېزا بايلىقىدىن جانلىق پايدىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىدە كۈچلۈك بازارلارغا تېخىمۇ كۆپ سېلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە يىلدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يىغىن مەزگىلىدە قىلغان بىر قاتار مۇھىم سۆزى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىنغان، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەنگەن، شۇنداقلا بىزنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشىمىز، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسى ھەممىدە ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئەينەن ئۆگىنىپ، سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ۋە بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتىن ئىبارەت كۆلەملىك سىياسەتنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتلىرى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى ئومۇميۈزلۈك مەنپەئەتلەندۈرۈپ، سىياسەتتىكى «بايلىق»تىن ئادىل بەھرىمەن قىلىش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قىلچە بوشاشماي دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.